# مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىزىل چىدىردا تۇرغاندا كەلدىم، ئۇ دەيدۇ: بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىششىپ قالغان تاھارەت سۈيىنى ئېلىپ چىقتى، بەزىلەر ئۇ سۇنى ئۆزىگە تۆكىۋالسا، سۇ يەتمىگەنلەر ئۇلارغا قولىنى سۈرىۋالاتتى

ئەبى جۇھەيپە ۋەھبى ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسۇۋائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىزىل چىدىردا تۇرغاندا كەلدىم، ئۇ دەيدۇ: بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىششىپ قالغان تاھارەت سۈيىنى ئېلىپ چىقتى، بەزىلەر ئۇ سۇنى ئۆزىگە تۆكىۋالسا، سۇ يەتمىگەنلەر ئۇلارغا قولىنى سۈرىۋالاتتى، شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ قىزىل بىر توننى كىيىپ چىقتى، مەن ئۇنىڭ پاقالچىقىنىڭ ئاقلىقىغا قارىدىم، ئاندىن تاھارەت ئالدى، بىلال ئەزان ئوقۇدى، راۋى دەيدۇ: مەن بىلالنىڭ ئېغىزىغا ئەگىشىپ ھەركەتلەندىم، ئۇ ئوڭ، سول تەرەپلەرگە قاراپ «ھەييى ئەلەسسالا ھەييى ئەلەلفالاھ» دەيتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھقا بىر ھاسا تىكلەندى، رەسۇلۇللاھ سەپ ئالدىغا چىقىپ پېشىن نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەدىنىگە قايتقۇچە نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقىدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئەبتەھ دېگەن جايغا چۈشكەن ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تاھارىتىدىن ئېشىپ قالغان سۈيىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ساھابىلەر بۇ سۇنى تەۋەرۈك بىلىپ ئېلىشقا باشلىدى، بىلال ئۇلارغا رۇخسەت قىلدى. ئەبۇ جۇھەيپە دەيدۇ: مەن بىلالنىڭ ئېغىزىغا«ھەييى ئەلەسسالا، ھەييى ئەلەلفەلاھ» دېگەندە ئەگىشىپ قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە شۇ تەرەپكە ئۆتتۈم، چۈنكى بۇ ئىككى جۈملە كىشىلەرگە بۇ ئەزاننى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئاندىن نامازدا ستىرە بولۇش ئۈچۈن قىسقا بىر نەيزە تىكلەندى، رەسۇلۇللاھ پېشىن نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقىدى، مۇساپىر بولغانلىقتىن مەدىنىگە قايتقانغا قەدەر تورت رەكئەتلىك نامازلارنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقىدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee